# تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈش

(بېشى 1 - بەتتە)

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويى، شاڭخەي دۇنيا يەرمەنكىسى مەركىزىدە، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

ئەگەر شاڭخەي چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەتتا چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى باشلامچى دېيىلسە، ئۇنداقتا، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش ئىنتايىن مۇھىم يارقىن نۇقتا بولدى.

ئىسلاھ قىلىنغان، يېڭىلىق يارىتىلغان بۇ مۇنبەت تۇپراقتا باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن - ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ھەر يىلى پۇدۇڭغا قارىتا مۇھىم يوليورۇق، تەستىقىي يوليورۇق بەردى ھەم كۆپ قېتىم پۇدۇڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنىڭ بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلىرىنى پۇدۇڭغا قويۇپ، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى كەيپىيات نامايان قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

پۇدۇڭ يېڭى رايونى قىران مەزگىلگە كىرگەن يىلى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم پۇدۇڭغا كەلدى.

30 يىلدا دەريا شىددەت بىلەن ئۆركەشلىدى.

پۈتۈن مەملىكەت كۆلىمىنىڭ 1/8000 نى ئىگىلىگەن بىر پارچە تۇپراق دەۋر چوڭ دولقۇنىدا غايەت زور ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1/80 ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، 1/15 مال ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنى ياراتتى.

«پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ جانلىق رېئال ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەڭ تەسىرلىك ئەمەلىي كارتىنا بىلەن تەمىنلىدى!»

30 ياشلىق قىران مەزگىلدە قايتا ئاتلاندى.

ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، دەل دۆلىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىدىغان 30 يىل. يېڭى مۇساپىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۇدۇڭنىڭ تەرەققىياتىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە قويۇپ پىلانلاپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا قويۇپ ئويلىشىپ ۋە پىلانلاپ، ئۇنىڭغا «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان رايون بەرپا قىلىش»نىڭ مۇھىم، زور بۇرچىنى يۈكلىدى:

—— يېڭىلىق يارىتىش موتورىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش يېڭى ئېگىزلىكى بەرپا قىلىش.

—— ئىسلاھاتنى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىش.

—— يۇقىرى سەۋىيەلىك تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى يارىتىش.

—— يەر شارىۋى بايلىق تەقسىملەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش.

—— شەھەر ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق شەھىرى قۇرۇلۇشى يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش.

باش شۇجى شى جىنپىڭ پۇدۇڭنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىپ، ئەڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يول ئاچقۇچى ئاۋانگارتلىرىدىن، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن، «تۆت ئىشەنچ»نى نامايان قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، دۇنياغا جۇڭگو ئىدىيەسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو يولىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن، باش شۇجى پۇدۇڭ كۆرگەزمە سارىيىغا كېلىپ، «دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقى باش تېما كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

كۆرگەزمىدە ئېنىق بولغان بىر «ۋاقىت ئوقى» پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ ئاجايىپ مۇساپىسىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ خىياللىرىنى 30 يىل ئىلگىرىكى چاغلارغا قايتۇردى.

«ئەينى يىللاردا خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۈرلۈك ئۆزگىرىش بولۇپ، دۆلەت ئىچى ئىسلاھاتى بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈردى، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنى قارار قىلىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتكە ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈم قىلىپ، تارىخنىڭ ئېقىمى ۋە كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقىغا ماسلىشىپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرى».

30 يىلدىن بۇيان، پۇدۇڭ چىغىر يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن ئېتىزلىقتىن قەد كۆتۈرۈپ، زامانىۋى يېڭى شەھەرگە كېپىنەكسىمان ئۆزگەردى، ۋاقىتنىڭ چوڭ قەلىمى بۇ يەردە ئاجايىپ سەھىپىلەرنى پۈتتى.

ئەينى يىللاردىكى ئەڭ ئېگىز ئىمارەت، 24 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوت ئۆچۈرۈش كۆزىتىش مۇنارىدىن، جۇڭگو بويىچە بىرىنچى، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئېگىز بىنا 632 مېتىر كېلىدىغان شاڭخەي مەركىزىي بىناسىغىچە —— بوي تارتىپ ئۆسكەن «ئېگىزلىك پەرقى» شەھەر تەرەققىياتىنىڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىشىغا گۇۋاھ بولدى.

تۇنجى پۇل مۇئامىلە سودا رايونى، تۇنجى باجدىن خالىي رايون، تۇنجى ئەركىن سودا سىناق رايونى ھەم لىنگاڭ يېڭى تەۋەلىك رايونى، تۇنجى چەت ئەل سودىگەرلىرى مۇستەقىل مەبلەغ سالغان سودا شىركىتى... بىر قاتار «مەملىكەت بويىچە تۇنجى»لار ئىسلاھات ئېگىزلىكىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

كۆرگەزمىدىكى زور مىقداردىكى سۈرەت، گرافىك، سىن، كۆرۈنۈش، ئەمەلىي بۇيۇملار پۇدۇڭنىڭ تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى جانلىق نامايان قىلدى، باش شۇجى ئارىلاپ قەدىمىنى توختىتىپ كۆردى.

كۆرگەزمە زالى ئىچىدىكى بىر جايدا، پۇدۇڭ لەنندۇ يولىنىڭ ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنزىرە باش شۇجىنىڭ نەزىرىنى جەلپ قىلدى —— بىر تەرەپتىكىسى تار، قالايمىقان خالتا كوچا، يەنە بىر تەرەپتىكىسى ئوخشاش كۆرۈش بۇلۇڭىدىن تارتىلغان، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى بايلىق ئاقىدىغان يېنچىك ئوتتۇرا يولى بولۇپ، ئۆزگىرىشنىڭ زورلۇقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.

چۈشەندۈرگۈچى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پۇدۇڭلۇقلاردا ئىلگىرى ‹لەنندۇ يولىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى كىيگۈسىز بولۇپ كېتىدۇ› دېيىدىغان چاقچاق بار ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەر بىر غېرىچ يېرىمۇ ئالتۇندەك قىممەتلىك بولغان لۇجيازۈي پۇل مۇئامىلە شەھىرى يادرولۇق رايونىغا ئايلاندى».

«قارىماققا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، سېلىشتۇرما بولمىسا بىلگىلى بولمايدىكەن، ھەقىقەتەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بوپتۇ!» دېدى باش شۇجى ھاياجانلانغان ھالدا.

كۆرگەزمە سارىيىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، بۇ يەردە ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقان بىر قىسىم كادىرلار، ئامما خۇشال ھالدا باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى، باش شۇجىنىڭ «دائىم كېلىپ كۆرۈپ كېتىشى»نى ئۈمىد قىلدى.

«يىغىندىن بۇيان مەن ھەر يىلى شاڭخەيگە كەلدىم، بۇ يەردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «ئاراڭلاردا ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر كۆپ ئىكەن، ھەممىڭلار ئۆز بېشىڭلاردىن ئۆتكۈزگۈچى ئىكەنسىلەر، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىلى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 نەچچە يىلىنىڭ قانداق بېسىپ ئۆتۈلگەنلىكىگە گۇۋاھ بولدۇڭلار. ياش بىر ئەۋلادلارمۇ بۇ تارىخنى كۆپرەك چۈشىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك!»

## (2) «ھەمنەپەس بولغانلار غەلىبە قىلىدۇ»

جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنتۇڭ شەھىرى تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جياڭسۇدا دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئېكولوگىيە توسۇقى. شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، خۇاڭنىشەن تېغى، مائەنشەن تېغى، لاڭشەن تېغى، جيەنشەن تېغى، جۈنشەن تېغى قاتارلىق بەش تاغ دەريا بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تاغ - دەريالار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋۇشەن رايونىنىڭ بىنجياڭ تەۋەلىك رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا، باش شۇجى ئالدى بىلەن مۇنداق سورىدى: «بۇ جاينىڭ سۇ سۈپىتى قانداقراق؟»

«2 - دەرىجىگە يەتتى.» شۇ جايدىكى مەسئۇل يولداش باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى بۇ بۆلەك قىرغاق لىنىيەسىدە كىچىك مەنزىرە رايونى، كونا پورت رايونى، كونا زاۋۇت رايونى، كونا ئولتۇراق رايونلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، «بىنجياڭدا دەريانى كۆرگىلى بولمايدىغان، يېقىندىكى سۇ سۇدەك بىلىنمەيدىغان» بولۇپ قالغانىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەمئىي 200دىن ئارتۇق تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان كارخانا تاقىۋېتىلدى، 160تىن ئارتۇق كىچىك كېمە تەرتىپكە سېلىندى، ئەينى چاغدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىمپورت گۈڭگۈرت يىغىش - تارقىتىش بازىسى تاقىۋېتىلدى، دەريا يولى ئەتراپىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇشلار چېقىۋېتىلدى، قىرغاق لىنىيەسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بوشىتىلدى، ئورمان كۆلىمى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، چاڭجياڭ دەرياسى بويىدا تەدرىجىي بىر يېشىل كارىدور بەرپا قىلىندى.

«خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى تاقالدىمۇ، يۆتكەلدىمۇ ياكى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدىمۇ؟» «گۈڭگۈرت يىغىش - تارقىتىش بازىسى راستلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدىمۇ؟» باش شۇجى ناھايىتى تەپسىلىي سورىدى.

«خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى تاقالدى، گۈڭگۈرت يىغىش - تارقىتىش بازىسىنىمۇ قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارىغا كەلدۇق، باش شۇجى، خاتىرجەم بولۇڭ».

باش شۇجى دەريا بويى قىرغاق لىنىيەسىنى بويلاپ ئاستا پىيادە ماڭدى، بىر تەرەپتە دەريا دولقۇنى قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، قومۇشلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى، بىر تەرەپتە قىرغاق يېشىل، تاغلار كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

«ئىلگىرىكى مەينەت، قالايمىقان، ناچار جاينىڭ ھازىر باغچىنىڭ كۆكەرتىش بەلبېغىغا ئايلانغانلىقى قەتئىي ئىرادىگە كەلسەكلا، چوقۇم چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتىدا كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق تەلىپىنى چوقۇم ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش، بېلىق تۇتۇشتىن چېكىندۈرۈش خىزمىتىگىمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

«ھازىر باشقۇرالىدىڭلارمۇ؟» «قانچىلىك بېلىقچى چېكىنىپ چىقتى؟» «بېلىقچىلار قىرغاققا چىققاندىن كېيىن قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلدۇڭلار؟» دەپ سورىدى ئۇ ماڭغاچ.

شۇ جايدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداش باش شۇجىغا مۇنداق دوكلات قىلدى: بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، پۈتۈن شەھەردىكى چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتىدىغان 368 بېلىقچىنىڭ ھەممىسى چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشتىن چېكىنىپ چىقتى، ھۆكۈمەت كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئۇلارنىڭ ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى، بەزى بېلىقچىلار قىرغاققا چىقىپ بېلىق قوغدىغۇچىغا ئايلاندى. «پۇقرالار بۇ سىياسەتنى ناھايىتى قوللايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مۇنداق دېيدۇ: بېلىق تۇتۇشنى ئەمدى چەكلىمىسەك، نۇرغۇن بېلىقنى ئەۋلادلىرىمىز پەقەت سۈرەتتىنلا كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھازىر، بېلىق ئاستا - ئاستا كۆپىيىدى، ئالدىنقى كۈنىلا، بۇ جايدا ئاق چاڭجياڭ دەرياسى دېلفىنى پەيدا بولدى».

باش شۇجى بېشىنى لىڭشىتىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «چاڭجياڭ دەرياسىدا ‹ئون يىل بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش› بىر ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر، بۇ ئاساسلىقى يەنىلا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن. ئون يىلدىن كېيىن بىز ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈپ باقايلى».

قۇياش غەربكە پاتتى، دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

قىرغاقتا چېنىقىۋاتقان، ئارام ئېلىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنى چۆرىدەپ، بەس - بەستە يۇقىرى ئاۋازدا باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى.

«مەن 1978 - يىللا بۇ يەرگە كەلگەن، ئەينى چاغدا لاڭشەن تېغىغا چىققانىدىم، ھەيۋەتلىك، چاڭجياڭ دەرياسى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى.» باش شۇجى كۆپچىلىككە 40 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

«بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، مەن شاڭخەيدە پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتىم، چۈشتىن كېيىنلا نەنتۇڭغا كەلدىم. ئەينى يىلى، سىلەرنىڭ بۇ يەر شاڭخەي بىلەن دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى، نەنتۇڭغا ‹بېرىش› تەس ئىدى، ھازىر دەريا ھالقىغان چوڭ كۆۋرۈك سېلىنىپ، كۆۋرۈك جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلۇپ، تەبىئىي توسۇق راۋان يولغا ئايلىنىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ‹نەنتۇڭغا بېرىش ئاسان› بوپتۇ.» جانلىق سۆزلەر كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

نەنتۇڭغا بېرىشنىڭ ئاسانلىشىشى دەل چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جانلىق كارتىنىسى. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، يىراقتىكى چاڭجياڭ دەرياسىدا، قاتناش باشلانغىنىغا ئۇزاق بولمىغان شاڭخەي - جياڭسۇ - نەنتۇڭ چاڭجياڭ دەرياسى تاشيول - تۆمۈريول چوڭ كۆۋرۈكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

باش شۇجى بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم مەن چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى ۋە چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىلى كەلدىم، بۇ يەرنىڭ مۇھىتنى تۈزەش ئەھۋالىنى مەخسۇس كۆرگىلى كەلدىم. بۈگۈن قاراپ باقسام بۇ يەردە ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپسىلەر. بۇنداق بەختلىك تۇرمۇشنى سىلەر ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياراتتىڭلار».

«‹ھەمنەپەس بولغانلار غەلىبە قىلىدۇ.› بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز پۇقرالارنىڭ پايدا - مەنپەئەتى ئۈچۈنلا بولىدىكەن، پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيمىز ھەم ئاخىرىدا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز».

## (3) «سۈزۈك دەريا سۈيى شىمالغا ئاقىدۇ»

جياڭسۇ ئۆزگىچە تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، دەريا - كۆللەر كۆپ، سۇ تورى زىچ، چاڭجياڭ دەرياسى شەرقتىن غەربكە 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېسىپ ئۆتىدۇ، چوڭ قانال جەنۇبتىن شىمالغا 700 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېسىپ ئۆتىدۇ.

چاڭجياڭ دەرياسى، قانالنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدىكى شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياڭجوۋ قەدىمدىن تارتىپ ئاۋات بولۇپ، چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىنى مۇجەسسەملەپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاچقۇچلۇق تۈگۈن شەھەرگە ئايلانغان.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ياڭجوۋ شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قانالنىڭ سەنۋەن ئېكولوگىيە مەدەنىيەت باغچىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ياڭجوۋ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «چوڭ قانالنى ياخشى قوغداش، ئۇنىڭغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش» توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋە قانال قىرغىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قوغداشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، قانال سۇلۇق يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، 3800 مو كېلىدىغان ئېكولوگىيە مەدەنىيەت باغچىسى قۇرۇلۇشىنى قوزغاتتى.

سۇغا يېقىن پىيادىلەر يولىنى بويلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ يول بويى كۆزدىن كەچۈردى. قانالنىڭ ئىككى قىرغىقى يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، قۇشلار پەرۋاز قىلىپ، شىپاڭلار گىرەلىشىپ، يېڭى مەنزىرىلەر بارلىققا كەلگەنىدى.

ياڭجوۋ سۇ ياقىلاپ قۇرۇلغان، سۇ ۋەجىدىن گۈللەنگەن، سۇ سەۋەبىدىن گۈزەللەشكەن، ھالبۇكى، قەدىمىي قانالنىڭ ئىككى قىرغىقىمۇ ئىلگىرى بىر مەزگىل سۇ سەۋەبىدىن قاپسىلىپ قالغان.

20 - ئەسىرنىڭ 50 -، 60 - يىللىرىدىن باشلاپ، قانالنىڭ سەنۋەن رايونىغا نۇرغۇن دېھقانچىلىق دورىلىرى زاۋۇتى، دورا زاۋۇتى، بوياقچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار توپلىنىپ، مۇھىتنى بۇلغىشى ئېغىر ئىدى.

«ئەينى يىلى بۇ جايدا كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بىر خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بار بولۇپ، ئەتراپتىكى مۇھىتنى بۇلغىشى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، يىراقتىنلا پۇرىقىنى پۇرىغىلى بولاتتى، گەرچە كارخانا ھەر يىلى 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تاقىۋەتتۇق» دېدى ياڭجوۋ شەھىرىدىكى مەسئۇل يولداش دوكلات قىلىپ.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ جايدا قەدىمىي قانال خارابىسىگە تايىنىپ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كوچا رايونى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە مەدەنىيەت ئىجادىيىتى كەسپلەر رايونى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كەسپلەر رايونى بار، چوڭ قانال مۇزېيىمۇ پات ئارىدا ئېچىلىدۇ، ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۇ جايدا ئۈستىلەنگەن ئېففېكت ھاسىل قىلدى.

باش شۇجى بۇ خىل ئىقتىساد، جەمئىيەت «ئومۇمىي ھېساباتى»نى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ‹بەشنى بىر گەۋدە قىلىش› ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەرىپى. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى ياخشىلاش ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى، بەختىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ساداسى».

سۇ بىلەن ئادەم، سۇ بىلەن شەھەر، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشى، ئىشلەپچىقىرىش بوشلۇقى، تۇرمۇش بوشلۇقى، ئېكولوگىيە بوشلۇقىنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق گۈللىنىشى باش شۇجىنىڭ چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پىلانلىشىدىكى مۇھىم ئۆلچەم.

ياڭجوۋدىن باشلانغان جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش شەرقىي لىنىيە قۇرۇلۇشى يېڭى بېيجىڭ - خاڭجوۋ چوڭ قانىلى، شۇنداقلا زامانىمىزدىكى خەلق رايى قۇرۇلۇشى.

«قەدىمىي قانال»دىن ئايرىلىپ، باش شۇجى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ «يېڭى قانال»غا كېلىپ، جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش شەرقىي لىنىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، 1961 - يىلى ياسىلىشقا باشلىغان جياڭدۇ سۇچىلىق تۈگۈنىنى تەكشۈردى.

بىر چوڭ تىپتىكى قۇم مودېل جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىدىكى سۇ بايلىقىنى چوڭ دائىرىدە، چوڭ كۆلەمدە رايون ھالقىپ يۆتكەپ تەڭشەيدىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى بىۋاسىتە نامايان قىلىپ تۇراتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ توختاپ زەن قويۇپ قارىدى ——

بېيجىڭ - خاڭجوۋ چوڭ قانىلى غول لىنىيە قىلىنىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى ياڭجوۋدىن نۇرغۇن پومپا پونكىتى، چۈشۈرگە، توسمىلار ئارقىلىق دەرىجىمۇدەرىجە يۇقىرىغا تارتىپ چىقىرىلىپ، خۇڭزېخۇ كۆلى، لوماخۇ كۆلى، نەنسىخۇ كۆلى، دۇڭپىڭخۇ كۆلى سۇ يۆتكەپ يىغىلىدىغان سۇ ئامبىرى قىلىنىپ، ئۇدۇل شىمالغا باشلىنىپ، 13 پەلەمپەي ئۆرلىتىلگەندىن كېيىن خۇاڭخې دەرياسىغا يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن شىمالدا بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېيغا يەتكۈزۈلىدۇ، شەرقتە شەندۇڭ يېرىم ئارىلىغا يېتىپ بارىدۇ.

جياڭدۇ سۇچىلىق تۈگۈنى نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئېلېكتىر كۈچى ئارقىلىق سۇ چىقىرىش - سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ پومپا پونكىتى تۈگۈنى. 4 - سۇ تارتىش پونكىتىدا، يەتتە زور قۇۋۋەتلىك سۇ پومپىسى قاتار تىزىلغان بولۇپ، ماشىنىلار گۈرۈلدەپ تۇراتتى.

باش شۇجى پونكىت ئۆيىگە كىردى. چوڭ ئېكراندا ئەمەلىي ۋاقىتتىكى ئايلىنىش ئۇچۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى: بۇ سۇ تارتىش پونكىتىنىڭ بىخەتەر ئايلىنىۋاتقىنىغا 6007 كۈن بولدى، سۇ تارتىپ چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 78 مىليارد 681 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

سۇ تارتىش پونكىتى سىرتىدا، خىزمەتچى خادىملار سۇ ئەۋرىشكىسى ئېلىپ، سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىپ ئۆلچەۋاتاتتى.

خىزمەتچى خادىملار باش شۇجىغا پومپا پونكىتى سۇ تارتىشتىن بۇرۇن ۋە ئايلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئۆزلىرىنىڭ ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم كېلىپ، سۇ باشلاش نۇقتىسىدىكى سۇ يۈزىدىن 0.5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى جايدىن سۇ ئەۋرىشكىسى ئېلىپ، سۇنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىنى كۆزىتىپ ئۆلچەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«سىلەر بۇ قېتىم ئالغان ئەۋرىشكىدىن قارىغاندا، بۇ جايدىكى سۇنىڭ سۈپىتى قانداق ئىكەن؟» باش شۇجى سۇ ئەۋرىشكىسى قاچىلانغان مېنزۇركىنى ئېلىپ تەپسىلىي كۆردى.

«نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە يەر ئۈستى سۈيى 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى.» خىزمەتچى خادىم باش شۇجىغا مۇنۇلارنى ئېيتتى: كۆپ يىللاردىن بۇيان، جياڭدۇ سۇچىلىق تۈگۈنىنىڭ سۇ سۈپىتىنىڭ ھەممىسى 3 - دەرىجىلىك سۇ ئۆلچىمىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولدى، كۆپ قىسىم ۋاقىتتا 2 - دەرىجىلىك سۇ ئۆلچىمىگە يېتىدۇ.

باش شۇجى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «چوقۇم سۈزۈك دەريا سۈيىنىڭ شىمالغا ئېقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك».

جياڭدۇ سۇچىلىق تۈگۈنى كۆرگەزمە سارىيىدا، باش شۇجى جياڭخۇەي رايونىنىڭ سۇ تىزگىنلەش، سۇنى گۈللەندۈرۈش تارىخىنى ھەمدە جياڭدۇ سۇچىلىق تۈگۈنىنىڭ ئورنىنى تاللاش، لايىھەلەش ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئاڭلىدى.

چۈشەندۈرگۈچى باش شۇجىغا يېرىم ئەسىردىن بۇيان، جياڭدۇ سۇچىلىق تۈگۈنىنىڭ جياڭخۇەي رايونىنىڭ سۇ يۆتكەش، زەيىنى چىقىرىۋېتىش، كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش، سۇ قاتنىشى، توك چىقىرىش، ئېكولوگىيەنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئېيتتى. جياڭخۇەي رايونىدىكى ئامما ئىنتايىن ئىپتىخارلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «قەدىمدە لىبىڭ ياسىغان دۇجياڭيەن بار ئىدى، ھازىر خەلق ياسىغان جياڭدۇ پونكىتى بار».

«جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەشكە مەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن. بۇ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى، ئەسىر قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى بولۇپ، سەنشيا قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ قارىلىدۇ.» باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: «دۆلىتىمىز سۇ بايلىقىنىڭ تارقىلىشىدا شىمالدا قىس، جەنۇبتا مول بولۇپ، چوقۇم ئىلمىي تەڭشەش كېرەك، بۇ ئىشنى يەنە داۋاملىق قىلىپ، جەنۇب - شىمال تەرەپتىكى رايونلارنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىياتى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك».

باش شۇجى شى جىنپىڭ شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىمال تەرەپتىكى رايونلارمۇ جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق سۇ يۆتكەش قۇرۇلۇشى بار دەپلا سۇنى خالىغانچە ئىشلەتمەسلىكى، بىۋاسىتە سۇغارماسلىقى، رايون ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شەھەر كېڭەيتىشنى قىلماسلىقى كېرەك. «جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى شىمال تەرەپتىكى رايونلارنىڭ سۇ تېجەپ ئىشلىتىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، سۇ ئارقىلىق شەھەرنى بېكىتىپ، سۇ ئارقىلىق كەسىپنى بېكىتىپ، سۇ يۆتكەش بىلەن سۇ تېجەشنى ئىككى قولدا تەڭ تۇتۇش كېرەك».

## (4) «چەكسىز چاڭجياڭ دەرياسى ئۆركەشلەپ ئاقماقتا»

نەنجىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى مۇھىم شەھەر، چاڭجياڭ دېلتىسىدىكى ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەردە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىر يەرگە جەم بولدى. يىغىن مەيدانىغا كىرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاساسىي مەقسەتنى باشتىلا ئوتتۇرىغا قويدى: «بۇ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەن رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقان پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تۇنجى رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى».

(ئاخىرى 4 - بەتتە)